# 82012 - ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغانلىق توغرىسىدا

## سوئال

مەن ئىككى كۈن بۇرۇن ئايالىم بىلەن ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغان ئىدىم، ئايروپىلاندا ئېھرامغا كىرىشنى نىيەت قىلدۇق، مەككىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈك-تاقلارنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ياتاققا باردۇق، مېھمانخانىغا كەلگەندىن كېيىن ئايالىم ئۆزىنىڭ ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، ئۇنىڭغا پىدىيە كېلەمدۇ؟ قانچىلىك مىقداردا كېلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايلىق ئادەت ئايال كىشىنى ھەج-ئۆمرىگە ئېھرام كىيىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ، لېكىن پاك بولۇشتىن ئىلگىرى كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى چەكلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا ھەجگە كەلگەندە مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **«ھاجىلار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغىن، لېكىن پاك بولمىغىچە كەبىنى تاۋاپ قىلماڭ»** دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

بۇخارىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلغان، بۇ ئېھرام كىيگەن ئايال تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالسا پاك بولغانغا قەدەر كەبىنى تاۋاپ قىلمايدۇ ۋە ساپا-مەرۋە ئارىسىدىمۇ سەئى قىلمايدۇ دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن، ئايالىڭىز پاك بولغىچە ساقلاپ، پاك بولغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىپ، چېچىنى قىسقارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە پائالىيىتى تامام بولىدۇ. ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھېچ قانداق پىدىيە كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئېھرام كىيىپ بولغان. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئىلىش ئۈچۈن 40608 -نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.